سەمەتجان بىر خوتۇنغا، بىر پاقىغا قاراپ تىترىگىنىچە ئالدىغا بىر قەدەم مىڭىپ توختاپ قالدى. پاقا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بارغانسىرى يوغىناپ كىتىۋاتقاندەك كۆرۈنىۋاتاتتى. ئۇ يەنە بىر قەدەم ماڭاي دەپ تۇرىشىغا پاقا سەمەتجانىنىڭ ئالدىغا دىككىدە بىر سەكرەپ نۇرسىز كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ قاراپ تۇردى. سەمەتجان مەڭدەپ كەتتى ۋە سەت ئاۋازشدا چىقىرىۋەتتى :

-ۋايجان. . . . -ئۇ شۇنداق چىقىراپ ئۇرنىدا مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى. قورقۇنچتىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلۇشۇپ كەتتى.

-تىز بولۇڭ، نىمە لامزەللىدەك تۇرىسىز، بەك قورقۇپ كەتتىم.

-سىز قورقسىڭىز مەن قورقمامدىكەنمەن، ما گەپنى. -سەمەتجانىنىڭ گىپى تۈگىشى بىلەن پاقا سەكرەپ ئۇنىڭغا قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى.

-ۋايجان، ۋاي خۇدايىم، جىنىم چىقاي دىدىغۇ. -خوتۇنى چىقىراپ بايىقى جايىدا تۈگۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

-ۋىيەي خۇدايىم، نىمانداق سەت بىرنىمە بۇ، -سەمەتجان شۇنداق دەپلا پارتلا قىلىپ تالاغا قاچتى. ئۇنىڭ قاچقىنىنى كۆرگەن ئايالىمۇ سوڭدىشىپلا تالاغا يۈگەردى. دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ كىتىۋاتقان ئىرىگە قاراپ كۆزلىرىدىكى ياشنى توختىتالماي قالدى، ئاندىن ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى.

ئايالىنىڭ كەلمەسكە كەتكەن بىر قىممەتلىك نەرسە ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ، هازا ئاچقاندەك يىغلاپ نالە قىلىشلىرى سەمەتجانىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

-ئۆيدىن ئۇلارنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلىنىڭ قىقىرىغان يىغىسى ئاڭلاندى. بالىنىڭ ئىچىنىشلىق يىغىسى شەھەرنىڭ ئۆلۈك شاۋقۇنلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالدى.